# جەزمەن خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلققە زىچ تايىنىپ ئىشلاردا يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

«ھەرقانداق كىشى، ھەرقانداق كۈچ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن جۇڭگو خەلقىنى ئايرىۋېتىشكە، قارشىلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدىكەن، جۇڭگو خەلقى بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلمايدۇ!» جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ خەلقنى سەپەرۋەر قىلىش، خەلققە تايىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتكۈل مىللەت ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى قىلىدىغان تارىخ ئېقىنىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولغانلىقىنى چوڭقۇر شەرھلىدى؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى خەلق ئارىسىدىن كەلگەن، خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتقان، ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچى جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش، تۈپ مەقسىتى جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مۇستەھكەم تۈۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرغان ئۇلۇغ غەلىبە، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، جاسارەت بىلەن ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى قىلغانلىقىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگونىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى توغرا كۆرسىتىپ بېرىپ، پۈتكۈل مىللەت ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى قىلىدىغان تارىخ ئېقىنىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدىكى مۇستەھكەم تۈۋرۈككە ئايلاندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ غەلىبە قىلىشىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش ئىستراتېگىيەلىك باش فاڭجېنى ۋە بىريۈرۈش خەلق ئۇرۇشىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تاكتىكىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋە يولغا قويۇپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى خەلق ئۇرۇشىنىڭ بىپايان دېڭىزىغا غەرق قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىك قىلىپ ئاچقان دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى جەڭ مەيدانلىرى ۋە گومىنداڭ قوماندانلىق قىلغان يۈزمۇيۈز جەڭ مەيدانلىرى ماسلىشىپ ھەمكارلىشىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا بىرلىكتە زەربە بېرىش ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى بارلىق جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ بىر نىيەتكە كېلىپ، ئاجىزلار كۈچلۈكلەرنى يەڭگەنلىكىدەك ھەيۋەتلىك تارىخىي داستان بولۇپ، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ يىمىرىلمەس قۇدرەتلىك كۈچىنى تولۇق نامايان قىلىپ بەردى، خەلقنىڭ تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى، ھەقىقىي قەھرىمان ئىكەنلىكىنى، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشتىكى ئەڭ مۇستەھكەم ئۇلۇغ كۈچ ئىكەنلىكىنى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان تۈپ كۈچ ئىكەنلىكىنى تولۇق كۆرسىتىپ بەردى.

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يىلتىزى خەلقتە، جان تومۇرى خەلقتە.» خەلق ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەن، خەلق ئۈچۈن گۈللەنگەن. خەلقنىڭ مەيدانى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تۈپ سىياسىي مەيدانى. يېقىنقى 100 يىللىق قاينام ـ تاشقىنلىق مۇساپىنى ئەسلىگىنىمىزدە، پارتىيەمىزنىڭ ئوڭۇشسىزلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، توختىماي كۈرەش قىلغانلىقى، چەكسىز ئازاب ـ ئوقۇبەت چەككەن بولسىمۇ، پولاتتەك تاۋلانغانلىقىنىڭ سەۋەبى دەل باشتىن ـ ئاخىر خەلقنى «مەنبە» ۋە «ئاساس» قىلىپ، خەلق ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىدىندۇر. پارتىيەنىڭ خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىكى تۈپ مەقسىتى خەلقنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈندۇر، مەيلى قانچىلىك زور خىرىس ۋە بېسىمغا دۇچ كەلسۇن، مەيلى قانچىلىك زور قۇربان بەرسۇن ۋە بەدەل تۆلىسۇن، بۇ نۇقتىدا باشتىن ـ ئاخىر ئېغىشمىدى، قىلچە تەۋرەنمىدى. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇش پارتىيەنىڭ غايە ـ ئېتىقادى، خاراكتېرى ـ مەقسىتى، ئەسلىي مەقسىتى ـ بۇرچىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى، شۇنداقلا بۇ، پارتىيەنىڭ كۈرەش مۇساپىسى ۋە ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنىڭ چوڭقۇر يەكۈنى. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا جەزمەن خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزلۈكسىز خەلققە بەخت يارىتىپ، خەلق ئارىسىدا پۇختا يىلتىز تارتىپ، خەلققە زىچ تايىنىپ ئىشلاردا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

پارتىيەنىڭ خەلق بىلەن جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ھايات ـ ماماتتا بىللە بولۇپ، باشتىن ـ ئاخىر قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەتنى ساقلىشى پارتىيەنىڭ بارلىق قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ ـ خەتەر ئۈستىدىن غالىب كېلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى نېمە ئۈچۈن قارىماققا يەڭگىلى بولمايدىغاندەك كۆرۈنىدىغان نۇرغۇن قىيىن ئۆتكەللەرنى يېڭىپ، تارىخ سەھىپىسىدە نۇر چاچىدىغان نۇرغۇن ئىنسانىيەت مۆجىزىسىنى ياراتالىدى؟ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 نەچچە يىلدىن بۇيان، جۇڭگو خەلقى نېمە ئۈچۈن مۇمكىنسىزلىكنى مۇمكىنچىلىككە ئايلاندۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ «تارىخىي داستاندەك ئىلگىرىلىشى»نى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۆتۈرۈۋالالىدى؟ بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب شۇ يەردىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى باشتىن ـ ئاخىر ئەسلىي مەقسىتى، بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلىدى، باشتىن ـ ئاخىر خەلق بىلەن قەلبداش بولدى، خەلق بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولدى، خەلق بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلدى. 2020 ـ يىلى، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ كەسكىن خىرىسى ئالدىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ: «خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغداشتا ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن باش تارتمايمىز»، دەپ تەكىتلەپ، «بۇ قېتىمقى يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتا، بىزگە كۈچ ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلغىنى جۇڭگو خەلقى»، دەپ كۆرسەتتى. يېقىندا، ئامېرىكىدىكى بىر داڭلىق ئاممىۋى مۇناسىۋەت شىركىتى ئېلان قىلغان ئىشەنچ دەرىجىسىنى تەكشۈرۈشتە كۆرسىتىلىشىچە، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆز دۆلىتى ھۆكۈمىتىگە ئىشىنىش دەرىجىسى 95%كە يېتىپ، زىيارەت قىلىنغان دۆلەتلەر ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان. ھازىر، ھەرقانداق كىشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىدەك رېئاللىقنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالماسلىقى كېرەك، ھەرقانداق كىشى، ھەرقانداق كۈچنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن جۇڭگو خەلقىنى ئايرىۋېتىشكە، قارشىلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى مۇقەررەر بىھۇدە ئاۋارىچىلىك!

كىشىلەر خەۋپ ـ خەتەر ئېڭىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئەقلىي تەپەككۇر قىلغاندا، مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ، دۆلەت قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، ئىرادىسى كۈچىيىپ، دۆلەتنى گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ. جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭخۇا مىللىتى قەيسەر ھاياتىي كۈچكە ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ئىجادچانلىققا ئىگە مىللەت، پەقەت بىز زىچ ئىتتىپاقلاشساقلا، يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق يوق. يېڭى دەۋر ئۇزۇن سەپىرى يولىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، باشتىن ـ ئاخىر ھەممىدە خەلقنى كۆزلەش، ھەممىدە خەلققە تايىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، 1 مىليارد 400 مىليون خەلق بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، بىر ياقىدىن باش چىقارسىلا، بىز چوقۇم تۈرلۈك جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلارنى يېڭىپ، ئۈزلۈكسىز غەلىبىدىن يېڭى غەلىبىگە قاراپ ئىلگىرىلىيەلەيمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

ئاپتونوم رايون 2020 ـ يىللىق كۈزگى بۇغداي تېرىلغۇ خىزمىتى تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئاچتى

## ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى ۋە ھوسۇلىنىڭ ئېشىشىغا، كېمىيىپ كەتمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ يى** خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون 2020 ـ يىللىق كۈزگى بۇغداي تېرىلغۇ خىزمىتى تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ بۇ يىللىق كۈزگى بۇغداي تېرىلغۇ خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: بۇ يىل «يۇقۇم» ۋە «ئاپەت»نىڭ قوش سىنىقىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يازلىق ئاشلىقتىن يەنە مول ھوسۇل ئېلىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى«يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش ۋە باش ۋەزىپە قىلىپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇش توغرىسىدىكى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىغا تېزدىن يۆتكەپ، قەتئىي ھالدا ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا چىڭ تۇتۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار دېھقانچىلىق ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي، كۈزگى بۇغداي تېرىشتىن بۇرۇنقى تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى بالدۇر ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى ۋە ھوسۇلىنىڭ ئېشىشىغا، كېمىيىپ كەتمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. «ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يەرگە باغلاش» «ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تېخنىكىغا باغلاش» ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، كۈزگى بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشدا چەكلىمە خاراكتېرلىك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاشلىق ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ماسلاشتۇرۇش، ھەمكارلىشىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاشلىقنىڭ «ئەلا سۈپەتلىكلىرىنىڭ باھاسى يۇقىرى بولۇش» ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاشلىق كەسپىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

يىغىندا يەنە كۈزلۈك يىغىم، كۈزلۈك پەرۋىش قاتارلىق ھازىرقى يېزا ئىگىلىكىگە ئالاقىدار نۇقتىلىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەممىسى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى. بۇ قېتىمقى يۇقۇمدا، بىز يېنىك، ئېغىر كېسەللەرگە تەڭ تەدبىر قوللىنىش ۋە «تۆت بالدۇر» پرىنسىپى بويىچە، تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشتا ئۆتكەلنى ئالدىغا سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، بىرلەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش تەلىپى بويىچە، كۆپ پەنلەر ماسلىشىپ، جۇڭگو تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ داۋالاش بىلەن پسىخىكا جەھەتتىن يېتەكلەشتىن ئىبارەت كۆپ تەرەپتىن تەڭ تۇتۇش قىلىپ، يېنىك تىپتىكى، ئادەتتىكى تىپتىكىلەرنىڭ ئېغىر تىپقا، خەتەرلىك ئېغىر تىپقا ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئېغىر تىپتىكى، خەتەرلىك ئېغىر تىپتىكى ئاغرىقلارغا قارىتا مۇتەخەسسىسلەر ھەر كۈنى كېسەلخانا ئارىلاش، تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلىشنى قوللىنىپ، بىر ئادەمگە بىر تەدبىر قوللىنىپ ئايرىم داۋالاش لايىھەسىنى تۈزۈپ، ساقىيىش نىسبىتىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈردۇق، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇددىتىنى قىسقارتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دوختۇر ـ سېستىرالار يۇقۇملانماسلىق، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىقلار ئۆلۈپ كەتمەسلىك ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

بۇ قېتىمقى يۇقۇمدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 826، تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 238 بولۇپ، جەمئىي 1064.

(بېشى 3 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، 33 ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسى قۇردى. ھەر كۈنى تەكشۈرۈش بۆلۈمىدە چىراغلار كېچە ـ كۈندۈز چاقناپ تۇراتتى، كلىنىكا دوختۇرلىرىنى ئەڭ توغرا ھۆكۈم بىلەن تەمىنلەش، ئاغرىقلارغا داۋالىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، پارتىيە ئەزاسى لىن جىجياڭ ئىش ئورنىدا بىر ئايدىن كۆپرەك چىڭ تۇرۇپ، «تەكشۈرۈش بۆلۈمى پارتىيە ئەزالىرى زەربىدارلار ئەترىتى»نى يېتەكلەپ، ھەرىكەتتىكى ئارقىلىق ئاۋانگارتلىق رولىنى نامايان قىلدى.

كۆز قوغداش ئەينىكى ئىچىدىكى بىر جۈپ كۆز ھوردا ئاغرىقنىڭ قان تومۇرىنى ئېنىق كۆرۈشكە تىرىشاتتى، پەلەينىڭ ئىچىدىكى بىر جۈپ قولغا تەر تەمرەتكىسى چىقىپ كەتكەنىدى… خۇبېيغا ياردەم بېرىپ قايتىپ كەلگەن كاندىدات پارتىيە ئەزاسى، خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى جىگەر ـ ئۆت تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ سېستىراسى فەن مېڭ قىيىنچىلىقتىن قورقماي، بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ ئېغىر كېسەل كۆزىتىش بۆلۈمىدىكى بىر دەستە نۇرغا ئايلىنىپ، ئاغرىقلارغا مۇھەببەت ۋە ئۈمىد ئاتا قىلدى.

قاراڭ! ئۇلار «سىياسەت تەشۋىقاتچىسى» «ۋاكالىتەن مال سېتىۋالغۇچى» «ۋىرۇس دېزىنفېكسىيەلەش ـ يوقىتىش خادىمى» «پسىخىكا جەھەتتىن داۋالىغۇچى»غا ئايلىنىپ، مەھەللە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بازىسىدا سەھەر تۇرۇپ كەچ يېتىپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش، ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىش، ئاممىۋى تىزگىنلەش مۇداپىئە سېپىنى تېخىمۇ زىچ، تېخىمۇ پۇختا قۇردى ——

ئىگە ـ چاقىسىز ياشانغانلاردا تۇيۇقسىز ئەھۋال كۆرۈلسە قانداق قىلىش كېرەك؟ سايباغ رايونى قومۇل غەربىي يولى مەھەللىسى پارتىيە كومىتېتى باشقىلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، ئىگە ـ چاقىسىز ياشانغانلارنىڭ ئۆيىگە چاقىرغۇچ ئورنىتىپ بەردى. ياشانغانلار چاقىرغۇچنى باسسىلا، مەھەللە خىزمەتچىلىرى دەرھال ئۇلارنىڭ يېنىغا يېتىپ بارالايدۇ. 82 ياشلىق ئاھالە جۇ چياۋلىڭ مۇنداق دېدى: «بۇنىڭدىن قەلبىم ناھايىتى ئىللىقلىققا تولدى».

بىرىنچى ۋاقىتتا ئاھالىلەرنىڭ زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە تەقسىملەپ يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن، تيانشان رايونى جۇڭچۈەن كوچىسى جەنۇبىي مەھەللە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى گۈلباھار غوپۇر بىر كۈندە 30 مىڭ قەدەمدىن كۆپرەك ماڭدى، تاپىنى سۇركىلىپ قاپىرىپ كەتتى.

ماسكىنىڭ كەينىدىكى ئىزلارغا تولغان ھېرىپ ـ چارچىغان چىرايلارنى بەلكىم ھېچكىم ئېنىق كۆرەلمەسلىكى مۇمكىن؛ ۋىرۇس بىلەن سانسىز قېتىم يۈزمۇيۈز ئۇچراشقاندىن كېيىن، يېرىم كېچىدە كىشىلەر ئايىغى بېسىققاندا ئۇلارنىڭ قەلبىدە پەيدا بولىدىغان تەشۋىش ۋە قورقۇنچنى بەلكىم ھېچكىم ھېس قىلالماسلىقى مۇمكىن! ئاھ قەھرىمانلار، قەھرىمانلار! تارىخ ئېنىقكى ئۆزلۈكسىز ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ، لېكىن ماركسىزم ئېتىقادچىلىرى تىكلىگەن مۇستەھكەم مەنىۋى ئابىدىلەر ئۆچۈرۈلمەيدۇ، بۇ زېمىنغا چۈشكەن ھەربىر تامچە تەرگە «پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن بارلىقىمنى قۇربان قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىمەن» دېگەن جاراڭلىق قەسەم سىڭگەن!

ئىستىل دۇرۇس بولسا، كەيپىيات توغرا بولىدۇ، كەيپىيات توغرا بولسا، نىيەت، مەقسەت بىردەك بولىدۇ، نىيەت، مەقسەت بىردەك بولسا، ئىش ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جەڭ مەيدانىدا، كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار خەتەرلىك پەيتتە ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، جىددىي پەيتتە قەھرىمانلىق خىسلىتىنى نامايان قىلدى، قاتار ـ قاتار قىپقىزىل پارتىيە بايرىقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئېگىز جەۋلان قىلدى!

(5)

قانچىكى گۈزەل مەنزىرە بەرپا قىلىش ئۈچۈن، شۇنچە مىسلىسىز جاپا ـ مۇشەققەت تارتىشقا توغرا كېلىدۇ. تاڭ شەپىقىگە قاراپ يۇقىرىغا ئۆرلەش يولىدا، ھەربىر تىك قىيادىن ھالقىپ ئۆتۈش باتۇرلۇق بىلەن پاراسەتنىڭ بىرلىشىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر، ھەربىر قېتىملىق غەلىبە چوققىغا ئۆرلەش ئۈچۈن كۈچ توپلاشتۇر.

9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ۋە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ھەممىسى نۆللەشتى، جەمئىي ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 826، تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 238 بولۇپ، جەمئىي 1064.

جاپا تارتماي مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدۇ. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمىنىڭ قوللىشى، يېتەكچىلىكىدە، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى قاتارلىق ھەرقايسى مىنىستىرلىق، كومىتېتلار ۋە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ كۈچلۈك قوللىشىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئاخىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى!

قاتتىق بوران ـ چاپقۇننىڭ سىنىقىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئالتۇن كۈزدىكى 9 ـ ئايدا، ئۈرۈمچى «قايتا قوزغىتىش كۇنۇپكىسى»نى باستى، قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن مەنزىرە كوچىلاردا قايتا ئەكس ئەتتى، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قەدىمى تېز ئالغا سىلجىتىلدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى دالا مەنزىرە نۇقتىلىرى ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىلدى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپى تېز سۈرئەتتە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

—— ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى)غا جايلاشقان جولاڭ شىنجاڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ماشىنا چەكلىك شىركىتىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمچىلىقى بارلىق كۈچ بىلەن تېز يېتىشمەكتە. «بۇ يىل 3 ـ پەسىللىك سېتىش نىشانىنى تاماملىغىلى بولىدۇ» دېدى شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى جۇ فېي تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

—— ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ناھىيەسى بولغان گۇچۇڭدا، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىگىسى ۋۇ شىن بۇ يىلقى ياخشى ھوسۇلدىن خۇشال بولۇپ قىنىغا پاتماي قالغانىدى. «3000 مو بۇغدايدىن بۇلتۇرقى مو بېشى مەھسۇلاتى 580 نەچچە كىلوگىرام ئاساسىدا، ھەر مو يەردىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 70 كىلوگرام ئارتۇق ھوسۇل ئالدىم، كېلەر يىلى تېرىقچىلىق كۆلىمىنى يەنە كېڭەيتىمەن.» تيانشاننىڭ جەنۇبىي ـ شىمالىدىكى مۇنبەت ئېتىزلاردا، كومباينىنىڭ توختىماي گۈرۈلدىگەن ئاۋازىغا ئەگىشىپ، 15 مىليون 417 مىڭ 500 مو بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئېلىندى.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، «خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش»تەك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مەيلى قانداق بوران ـ چاپقۇن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھېچقايسىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش قەدەمىنى توسۇپ قالالمايدۇ!

بوران ـ چاپقۇننى كۆپ باشتىن كەچۈرگەن كىشىنىڭ ئىرادىسى تاۋلىنىدۇ، ئازراق نەتىجە يارىتىپ توختاپ قالساق بولمايدۇ، چۈنكى ئالدىمىزدا يول تېخى ئۇزۇن. ھازىر، شىنجاڭ پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشتەك مۈشكۈل ۋەزىپىگە دۇچ كەلمەكتە. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزدىكى خىرىس ئالدىدا، بىز يۇقۇم چوڭ ئۇرۇشى، چوڭ سىنىقىدا يېتىلدۈرگەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش جاسارىتى، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئەقىل ـ پاراسىتى، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش تەدبىرى، تەشكىللەپ يولغا قويۇش ئىقتىدارىنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ توسالغۇلارنى سۆرۈپ تاشلاپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى ئىشەنچ مەنبەسى ۋە كۈچ مەنبەسىگە ئايلىنىدۇ!

دېمىگىن تۆمۈر سېپىلدەك ھەيۋەتلىك تاغ ئۆتكىلى، مانا مەغرۇر ئاتلىدۇق بىز بېشىدىن دەسسەپ ئۇنى. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، «قەتئىي بەل قويۇۋەتمەيدىغان» چىدامچانلىق، «دۈشمەن قورغىنىنى ئالمىغۇچە قايتمايدىغان» جان تىكىپ ئېلىشىش غەيرىتى بىلەن، قانچە جاپالىق، خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان جاسارەت بىلەن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى بارغانسېرى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز!

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)